شىنجاڭ گېزىتى 02
2019 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى
چارشەنبە



10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتارلىقلار تيەنئەنمېن راۋىقىدا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يەن يەن فوتوسى

**ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك. بىز «تىنچ بىرلىككە كېلىش، بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقى مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك. بىز تىنچ تەرەققىي قىلىش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، داۋاملىق تۈردە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى خەلق ئارمىيەسىنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدىشى، دۇنيا تىنچلىقىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك.**

### جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

# تيەنئەنمېن مەيدانىدا كاتتا ھەربىي پارات مۇراسىمى ۋە ئامما نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى ھەم پاراتتىن ئۆتكەن قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى

### لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى  لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتناشتى



10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ پاراتتىن ئۆتكەن قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى تاۋ فوتوسى



10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** ئۇلۇغۋار 70 يىل، يېڭى دەۋردە ئىلگىرىلەش. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، 200 مىڭدىن ئارتۇق ئارمىيە، خەلق كاتتا ھەربىي پارات مۇراسىمى ۋە ئامما نامايىشى ئارقىلىق جۇمھۇرىيەتنىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى ھەم پاراتتىن ئۆتكەن قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. (سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 4 ـ بەتكە بېرىلدى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەبرىكلەش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى لى جەنشۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ لېجى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ چىشەن قاتناشتى.

كاتتا دۆلەت بايرىمى پەيتىدە، جۇڭگو زېمىنىدىكى ھەيۋەتلىك تاغ ـ دەريالار گۈزەل تۈسكە كىردى، بارلىق خەلق شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. پايتەخت بېيجىڭ گۈلدەك ياساندى، بايراقلار لەپىلدىدى.

كۆك ئاسمان، ئىللىق قۇياش نۇرىدا، تيەنئەنمېن راۋىقى ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆرۈنەتتى. راۋاق قىزىل تېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ كەڭ ئەنلىك رەڭلىك رەسىمى ئېسىلغانىدى. راۋاق پېشايۋىنىدىكى سەككىز چوڭ قىزىل پانۇس كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى، شەرق ـ غەربتىكى سۇپىدا سەككىز قىزىل بايراق شامالدا لەپىلدەپ، خۇشال بايرام كەيپىياتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يۆ يۆۋېي فوتوسى